# 174932 ـ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسەتىسىز چېچىنى بويىشى ۋە كېسىشىنىڭ ھۆكمى

**سۇئال**

ئەرنىڭ ئايالىنىڭ چېچىنى كېسىش ۋە بوياشتىن چەكلىشى توغرىمۇ؟، ئايال شەرىئەتتە يولغا قويغان ئىشلارنى ئېرى رازى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قىلسىچۇ؟ گۇناھ – مەئسىيەت بولمايدىغان ئىشلاردا ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ چەك ـ چېگراسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ۋە ماختاشلارئاللاھقا خاستۇر.

ئايالنىڭئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ،چۈنكىئەر ئۇ ئايالنىڭ ھامىيسى ئاستىدا بولغانلىقىئۈچۈندۇر.بۇھەقتە ئاللاھتائالامۇنداق دەيدۇ:ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِتەرجىمىسى: ئەرلەرئايالارنىڭ ھامىيلىرىدۇر [سۈرە نىسا34–ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئىبنى كەسىر(ئاللاھئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)،ئەلىئىبنى ئەبى تەلھەنىڭ ئىبنى ئاباسرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنئەرلەرئايالارنىڭ ھامىيلىرىدۇردېگەنئايەتنى تۆۋەندىكىدەكتەپسىرلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:ئەرلەرئايالارنىڭ ئەمىرلىرى.يەنىئايالارنىڭ ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشى،ئاللاھبۇيرۇغان ئىشلاردا ۋە ئۆز ئەھلىگەياخشىلىق قىلىشتا،ئېرىنىڭمال ـ دۇنياسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا بولىدۇدېگەن.شۇنىڭغائوخشاشلا مۇقاتىل ۋە سەددي،دەھھاكلارمۇشۇنداق دېگەن.[تەپسىرئىبنى كەسىر 2293].

ئايالنىڭئېرىگەئىتائەتقىلىشى ۋاجىپ بولغان ئىشلار ئىچىدىن، تۆۋەندىكى ئىككىتۈرلۈك ئىش مۇستەسنادۇر:

بىرىنچى:گۇناھ ـ مەئسىيەتكەئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردا ئەرگە ئىتائەت قىلمايدۇ.يەنىۋاجىپ بولغان ئىشلارنى تەرك قىلىش ياكى ھارام ئىشلارنى قىلىشقابۇيرۇلغاندا، ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىجايىز بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداقدېگەن:ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقابۇيرۇلىدىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش يوق.[بۇخارىرىۋايىتى6830– ۋە مۇسلىمرىۋايىتى1840–ھەدىسلەر].

ئىككىنچى:ئەرگەئىتائەت قىلىش نەتىجىسىدە، ئايال ئۇچۇن زىيانلىقياكى ئۇ ئايالنىڭ ھوقۇقى دەخلىگە ئۇچراشقائېلىپ بارىدىغان ئىشلار بولسا،بۇھالەتتە ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىۋاجىپ بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتەمۇنداق دېگەن:شۈبھىسىزكى،ئىتائەت قىلىش ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ.[بۇخارىرىۋايىتى].

يەنە بىرھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:ئۆزىگىمۇۋەباشقىلارغىمۇزىيان يەتكۈزۈش يوق.[ئىبنىماجە ۋە دار قۇتنى رىۋايىتى].

ئايالنىڭچېچىنى كېسىشى ۋە بويىشى شەرتلىكئەھۋالدا جايىز بولۇپ، ئۇلارنىڭئەرلەرگە،كاپىرۋەپاسىقئاياللارغا ئوخشىۋېلىشتىن ساقلىنىشى ھەمدە قارا بوياقتابويىماسلىقى كېرەك.

ئەگەرئېرى ئايالىنىڭ چېچىنى كېسىش ۋە بويىشىغارۇخسەتقىلمىسا، ئۇ ئىشلارنى قىلىشى جايىز بولمايدۇ.شۇنداقلائەر ئايالنى گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇمىسىلا،ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم بولىدۇ.

چاچ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنىنامايەن قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق.شۇنداقلا ئايالنىڭ ئۆز ئېرى ئۈچۈنگۈزەللىنىشى ئەرنىڭ ھەققىدىندۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىسىنىبىلگۈچىدۇر.